# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(2020-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15-يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(31-نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» 2020-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15-يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى، 2020-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

ئالاھىدە ئېلان چىقىرىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
2020-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنى

## 1-باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1-ماددا** بۇ چارە ئائىلە زۇلمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش، باراۋەر، ئىناق، مەدەنىي ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىش، ئائىلە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن-نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2-ماددا** بۇ چارىدە ئېيتىلغان ئائىلە زۇلمى ئائىلە ئەزالىرى ئارا ئۇرۇش، باغلاپ قويۇش، ناكار قىلىپ قويۇش، جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش، دائىم تىللاش، قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش، ھاقارەتلەش، بوھتان چاپلاش، شەخسىي سىرىنى ئېچىۋېتىش، كەينىگە كىرىۋېلىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش، شۇنىڭدەك ئەسەبىيلىك قىلمىشى ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشىنى چەتكە قېقىش ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جىسمانىي، روھىي جەھەتتە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3-ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان تەشكىللىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھەمدە زۆرۈر خىراجەت بېرىپ كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**4-ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاياللار-بالىلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر قانۇن-نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، ئۇچۇرلارنى ئىستاتىستىكا قىلىش ۋە تەربىيەلەش خىزمىتىگە تەشكىللەش؛

(2) قەرەللىك ھالدا بىرلەشمە يىغىنىنى تەشكىللەپ ئېچىپ، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، ھەل قىلىش لايىھەسىنى ۋە سىياسەت-تەدبىر تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛

(3) مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشقا ماسلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش بويىچە كۆپ تارماق بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشكە تۈرتكە بولۇش؛

(4) ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش؛

(5) ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر باشقا خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى، قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا-كەسپىي ئورۇنلار ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**5-ماددا** ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، تەربىيە بېرىش، تۈزەش بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ، جەمئىيەت ئورتاق تۈزەش يولغا قويۇلىدۇ.

ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە زىيانلانغۇچىنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، ئالاقىدارلارنىڭ شەخسىي سىرىنى ساقلاش كېرەك، ئائىلە زۇلمى دېلوسىغا چېتىلىدىغان پاش قىلغۇچى، دېلو مەلۇم قىلغۇچى، گۇۋاھچىلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەر، ياشانغانلار، مېيىپلەر، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللار، ئېغىر كېسەللەردىن ئائىلە زۇلمىغا ئۇچرىغانلىرىنى ئالاھىدە قوغداش كېرەك.

**6-ماددا** شەخسلەر، ئىجتىمائىي خىزمەت مۇلازىمەت ئاپپاراتى ۋە قانۇن مۇلازىمىتى ئاپپاراتى قاتارلىقلارنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، پىسخىكا ساغلاملىقىدىن مەسلىھەت بېرىش، ئائىلە مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئائىلە زۇلمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەش ۋە قانۇن ياردىمى بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

## 2-باب ئائىلە زۇلمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

**7-ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلارنى قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشۋىق-تەربىيەسى ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مېيىپلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا-كەسپىي ئورۇنلار ئائىلە گۈزەل ئەخلاق تەربىيەسى ۋە ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىق-تەربىيەسىنى مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

رادىيو-تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرنال، تور قاتارلىق تاراتقۇلار ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى تەربىيەسى ۋە ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر ئاممىۋى مەنپەئەت تەشۋىقاتىنى ۋە تەربىيە بېرىپ يېتەكلەشنى، ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

مەكتەپلەر، يەسلىلەر بالىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىيلىرىگە بولغان ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى تەربىيەسى ۋە ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىق-تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، بالىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش ئېڭىنى ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، ۋەسىيلەرنى ۋەسىيلىك قىلىش ۋە تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشقا، مەدەنىي ئۇسۇلدا ئائىلە تەربىيەسى بېرىشكە يېتەكلىشى كېرەك.

**8-ماددا** خەلق ئىشلىرى تارمىقى ئۆيلىنىشنى تىزىملىغۇچى ئورگاننىڭ ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى، ئۆيلىنىش قانۇن بىلىملىرى ۋە ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشنى ئۆيلىنىش يېتەكچىلىكى-ئائىلە يېتەكچىلىكىنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئۆيلەنگۈچىلەرگە ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيىتى ۋە قۇتقۇزۇش يولىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا بولغان قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى، قانۇن مەسلىھەتچىلىكى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى، ئەدلىيەلىك باھالاش، خەلق مۇرەسسەسى قاتارلىق ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۆيلىنىش ماجىراسى-ئائىلە ماجىراسىغا دائىر خەلق مۇرەسسە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئائىلە زۇلمىغا دائىر تىپىك دېلو مىساللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىدارلارغا ۋە ئاممىغا قانۇن-قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشى، تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

**9-ماددا** يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا باشقارمىسى كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىق-تەربىيەسىنى كەنت ئاھالىسى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى، كەنت ئاھالىسى ئەھدىنامىسى، شەھەر ئاھالىسى ئەھدىنامىسىگە قانۇن بويىچە كىرگۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشى، كەنت ئاھالىسى ۋە شەھەر ئاھالىسىنى ئائىلە ماجىرالىرىنى قانۇن بويىچە تۈگىتىشكە يېتەكلەپ، ئائىلە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتى فۇنكسىيەلىك ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن بويىچە مۇرەسسە قىلىپ، ئۆيلىنىش ماجىراسى-ئائىلە ماجىراسىنى تۈگىتىشى، ئائىلە ئەزالىرىنى ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئەمەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقى ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلەپ، ئائىلە زۇلمى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىشى كېرەك.

**10-ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، مائارىپ، خەلق ئىشلىرى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، سەھىيە-ساغلاملىق تارمىقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى ئائىلە زۇلمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇشنى كەسپىي تەربىيەلەش ۋە ئىستاتىستىكا خىزمىتىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

**11-ماددا** ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەركىزى (تورسىمان مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى) ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئۇچۇر باشقۇرۇش سۇپىسىغا كىرگۈزۈشى؛ ئائىلە زۇلمىنى تورسىمان نۇقتىلىق كۆزىتىش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، نۇقتىلىق مۇداپىئەلىنىش ئوبيېكتىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر قانۇنچىللىق تەشۋىق-تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئائىلە ماجىرالىرىنى تۈگىتىپ، ئائىلە زۇلمى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

## 3-باب ئائىلە زۇلمىنى بىر تەرەپ قىلىش

**12-ماددا** ئائىلە زۇلمىدا زىيانلانغۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاكالەتچىسى، يېقىن تۇغقىنى زىيانلاندۇرغۇچى ياكى زىيانلانغۇچى ئىشلەيدىغان ئورۇن، كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مېيىپلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلسا، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلسا ياكى ئەرز قىلسا بولىدۇ. كۆپ ئورۇننىڭ مەسئۇلىيىتى دائىرىسىگە چېتىلغان بولسا، تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان ئورۇن باشقا ئورۇنلار بىلەن ئورتاق بىر تەرەپ قىلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئائىلە زۇلمىغا دائىر ئىنكاس، ياردەم تەلىپى ياكى ئەرزنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىچە ياردەم بېرىشى، بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك:

(1) ئائىلە زۇلمى قىلمىشىنى نەسىھەت قىلىپ توسۇش، زىيانلاندۇرغۇچىنى تەنقىدلەش ۋە ئۇنىڭغا قانۇنچىللىق تەربىيەسى بېرىش؛

(2) زىيانلانغۇچىنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ئائىلە زۇلمىنىڭ خەۋپ دەرىجىسىنى باھالاپ، ھەل قىلىش لايىھەسىنى بېكىتىش؛

(3) خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن، ئۆيلىنىش ماجىراسى-ئائىلە ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىش، پىسخىكا جەھەتتە تەسەللىي بېرىش، قانۇن ياردىمى بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قىلىش؛

(4) زىيانلانغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، دېلو مەلۇم قىلىش، داۋالاش-قۇتقۇزۇش، زەخمىنى باھالىتىش، پاناھلاندۇرۇش-قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، پىسخىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، قانۇن ياردىمى بېرىش ئىشلىرىغا پائال ياردەملىشىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ياكى ئاپپاراتلارغا ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

ئائىلە زۇلمىدىكى زىيانلانغۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاكالەتچىسى، يېقىن تۇغقىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا دېلو مەلۇم قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**13-ماددا** مەكتەپلەر، يەسلىلەر، داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرى، ئىجتىمائىي خىزمەت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى، قۇتقۇزۇش-باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى، پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن خىزمەت جەريانىدا تۆۋەندىكى تەبىئىي شەخسلەرنىڭ ئائىلە زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقىنى ياكى ئائىلە زۇلمىغا ئۇچراش گۇمانى بارلىقىنى بايقىسا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ۋاقتىدا دېلو مەلۇم قىلىشى ھەمدە زىيانلانغۇچىنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى كېرەك:

(1) ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلار؛

(2) ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەنلەر؛

(3) ياشىنىپ قېلىش، مېيىپ بولۇش، ئېغىر كېسەل بولۇش، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە بولۇش، مەجبۇرلاشقا ياكى تەھدىتكە ئۇچراش قاتارلىق سەۋەبلەردىن دېلو مەلۇم قىلالمىغانلار.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى دېلو مەلۇم قىلغۇچىنىڭ ئۇچۇرىنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلىشى كېرەك.

**14-ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئائىلە زۇلمى دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئائىلە زۇلمىغا دائىر دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا ساقچى ئەۋەتىشى ھەمدە تۆۋەندىكى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك:

(1) يۈز بېرىۋاتقان ئائىلە زۇلمى قىلمىشىنى توسۇش، ئالاقىدارلارنى ئايرىۋېتىش، زىيانلاندۇرغۇچىنى تىزگىنلەش؛

(2) تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ساقچى ئەۋەتىش خاتىرىسى ئىشلەش؛

(3) زىيانلانغۇچى داۋالانماقچى بولسا، داۋالاش ئاپپاراتى بىلەن ئالاقىلىشىپ قۇتقۇزۇشنى تەشكىللەشكە ياردەملىشىش، زەخىم باھالاشنى ھاۋالە قىلىش؛

(4) ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلار، ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەنلەر شۇنىڭدەك ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللار، ياشانغانلار، مېيىپلەر، ئېغىر كېسەللەر ئائىلە زۇلمى تۈپەيلىدىن تېنى ئېغىر زەخىملىنىش، جىسمانىي بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچراش ياكى قارىغۇچىسى بولماسلىقتەك خەۋپلىك ئەھۋالدا قالسا، خەلق ئىشلىرى تارمىقىغا ئۇلارنى ۋاقىتلىق پاناھلاندۇرۇش سورۇنى، قۇتقۇزۇش-باشقۇرۇش ئاپپاراتى ياكى پاراۋانلىق ئاپپاراتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇقتۇرۇش قىلىش ھەمدە ياردەملىشىش؛

(5) پاكىتنى ئېنىقلاپ، ئائىلە زۇلمىنىڭ خەۋپ دەرىجىسىنى باھالاپ، ئۇنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش.

**15-ماددا** ئائىلە زۇلمى سېلىش قىلمىشى يېنىكرەك بولۇپ، قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلمەيدىغان بولسا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى زىيانلاندۇرغۇچىغا تەنقىد-تەربىيە بېرىدۇ ياكى ئاگاھنامە چىقىرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلەرگە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئاگاھنامە چىقىرىشى كېرەك:

(1) زىيانلانغۇچىنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشەلمىگەنلەر؛

(2) قىلمىشى يېنىكرەك بولسىمۇ، كۆپ قېتىم ئائىلە زۇلمى سالغانلار؛

(3) ئائىلە زۇلمى سالغانلىقتىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تەنقىد-تەربىيەسىگە ئۇچرىغانلار؛

(4) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئاگاھنامە چىقىرىش كېرەك دەپ قارىغان باشقا ئەھۋاللار.

**16-ماددا** ئاگاھنامە زىيانلاندۇرغۇچىنىڭ سالاھىيەت ئۇچۇرى، ئائىلە زۇلمى سېلىش پاكىتى ھەققىدىكى بايان، زىيانلاندۇرغۇچىنىڭ ئائىلە زۇلمى سېلىشنى مەنئى قىلىش، ئاگاھنامىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ قانۇن جاۋابكارلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

ئاگاھنامىنىڭ كونكرېت نۇسخىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقى بىرتۇتاش بەلگىلەيدۇ.

ئاگاھ بېرىلىدىغان ئائىلە زۇلمى دېلوسى ئۈستىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئائىلە زۇلمى دېلوسى مەلۇماتىنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ 72 سائەت ئىچىدە ئاگاھنامە چىقىرىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى زىيانلاندۇرغۇچىغا ئاگاھنامىنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بېرىشى ھەمدە زىيانلاندۇرغۇچى ئاگاھنامىگە ئىمزا قويۇشى كېرەك. زىيانلاندۇرغۇچى ئىمزا قويماي تۇرۇۋالسا، ئاگاھنامىنىڭ كۈچىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئاگاھنامە شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ ئۇچۇرلىرىنى قانۇن ئىجرا قىلىش-دېلو بېجىرىش ئۇچۇر سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

**17-ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئاگاھنامىنى زىيانلاندۇرغۇچىغا، زىيانلانغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى ھەمدە ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى ئاگاھنامىنى تاپشۇرۇۋالغان زىيانلاندۇرغۇچىنىڭ، زىيانلانغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى قەرەللىك ئىگىلەپ، ئاگاھنامىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، زىيانلاندۇرغۇچىنى قايتا ئائىلە زۇلمى سالماسلىقى ئۈچۈن نازارەت قىلىشى ھەمدە خاتىرىلەپ ئارخىپتا ساقلىشى كېرەك.

**18-ماددا** ناھىيە دەرىجىلىك ياكى رايون بار شەھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا ياكى قۇتقۇزۇش-باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا تايىنىپ، ۋاقىتلىق پاناھلاندۇرۇش سورۇنى قۇرۇپ ياكى ھۆكۈمەت مۇلازىمەتنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋاقىتلىق پاناھلاندۇرۇش سورۇنى ھازىرلاپ بېرىپ، ئائىلە زۇلمىدا زىيانلانغۇچىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇشىغا ياردەم بەرسە بولىدۇ.

خەلق ئىشلىرى تارمىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، مېيىپلەر بىرلەشمىسى، زىيانلاندۇرغۇچى ياكى زىيانلانغۇچى ئىشلەيدىغان ئورۇن قاتارلىقلار زىيانلانغۇچىغا ۋاقىتلىق پاناھلىنىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى، زىيانلانغۇچىلاردىن ۋاقىتلىق پاناھلىنىش ئىلتىماسى سۇنغانلىرىنىڭ ۋاقىتلىق پاناھلاندۇرۇش سورۇنىغا ئورۇنلىشىشىغا ياردەملىشىشى كېرەك.

**19-ماددا** ۋاقىتلىق پاناھلاندۇرۇش سورۇنى تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك:

(1) زۆرۈر خىراجىتى، ئەسلىھەسى، كەسپىي خادىمى ۋە مۇقىم سورۇنى بولۇش؛

(2) بىخەتەرلىك كاپالىتى بولۇش، زىيانلاندۇرغۇچىنىڭ داۋاملىق ئائىلە زۇلمى سېلىپ زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان بولۇش؛

(3) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى شۇنىڭدەك ئائىلە زۇلمىغا قارشى باشقا ئاپپارات بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مېخانىزمى ئورنىتىش.

ۋاقىتلىق پاناھلاندۇرۇش سورۇنى ئائىلە زۇلمىدا زىيانلانغۇچىنىڭ جىنسى، يېشىغا ئاساسەن تۈرگە ۋە رايونغا ئايرىپ قۇتقۇزۇشى، زىيانلانغۇچىنىڭ شەخسىي سىرىنى ساقلىشى، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار ۋە ئاپپاراتلارنىڭ زىيانلانغۇچىغا پىسخىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، داۋالاش جەھەتتە قۇتقۇزۇش، قانۇن يۈرگۈزۈش جەھەتتە قۇتقۇزۇش، قانۇن ياردىمى بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قىلىشنى ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

**20-ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى ئائىلە زۇلمىدا زىيانلانغۇچىنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش-داۋالىشى، دىياگنوز قويۇش-داۋالاش خاتىرىسىنى ياخشى يېزىشى كېرەك.

ئەدلىيەلىك باھالاش ئاپپاراتى ئائىلە زۇلمىدا زەخىملىنىش ئەھۋالىنى ئەدلىيەلىك باھالاش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، باھالاش پىكرىنى ۋاقتىدا چىقىرىپ بېرىشى كېرەك.

قانۇن ياردىمى ئاپپاراتى ئائىلە زۇلمىدا زىيانلانغۇچىغا قانۇن بويىچە قانۇن ياردىمى بېرىشى كېرەك. قانۇن مۇلازىمىتى ئاپپاراتىنىڭ قىيىنچىلىقى بار، لېكىن قانۇن ياردىمى بېرىش شەرتىگە توشمايدىغان زىيانلانغۇچىدىن قانۇن مۇلازىمىتى ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ ئېلىشقا، كېمەيتىپ ئېلىشقا ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

**21-ماددا** تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، مېيىپلەر بىرلەشمىسى قاتارلىقلار خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەسپىي خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئائىلە زۇلمىدا زىيانلانغۇچىنى، زىيانلاندۇرغۇچىنى پىسخىكا جەھەتتە يېتەكلىشى، زىيانلاندۇرغۇچىغا قانۇنچىللىق تەربىيەسى بېرىشى كېرەك:

(1) ئائىلە زۇلمىدا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش ئاقىۋىتى پەيدا بولسا؛

(2) زىيانلاندۇرغۇچى كۆپ قېتىم ئائىلە زۇلمى سالغان بولسا؛

(3) زىيانلانغۇچى قۇرامىغا يەتمىگەن كىشى، ياشانغان كىشى، مېيىپ كىشى، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئايال، ئېغىر كېسەللىكى بار بىمار بولسا؛

(4) قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئائىلە زۇلمىغا بىۋاسىتە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئائىلە زۇلمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا.

(ئاخىرى 6-بەتتە)